# 134921 ـ تەۋھىد كەلىمىسى تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

"ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يەككىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر" دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئەسما ۋە سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى پەقەت تەۋھىد ئۇلۇھىيە-ئىبادەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟، چۈنكى مەن "ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى: "ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، مەن يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرىمەن، ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇشتىن يىراق بولىمەن" دېمەكتۇر دەپ ئوقۇغان ئىدىم، مەن تەۋبە قىلماقچى بولۇپ بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى دېگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ كۆڭلۈمگە مۇشۇ مەنا ھازىر بولىدۇ، ئەجەبا مەن تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئەسما ۋە سۈپەتنى كۆڭلۈمگە ھازىر قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن تەۋھىدىم كامىل بولماسمۇ؟ مەن تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئەسما ۋە سۈپەتكە ئىشىنىمەن، ئۇنداقتا مېنىڭ تەۋبەم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئىخلاس كەلىمىسى ۋە تەۋھىد كەلىمىسى بولسا ئۇ دىنىنىڭ ئەسلى ۋە ئاساسىدۇر، نىجاتلىقنىڭ تېمىسىدۇر، ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئىسپاتىدۇر، ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارنى بۇ ئاساسنى ئۆز ھەققى بىلەن بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياراتتى.

بۇ تەۋھىدنىڭ: تەۋھىد ئۇلۇھىيە-ئىبادەت، تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئەسما ۋە سۈپەت قاتارلىق ئۈچ تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەۋھىد كەلىمىسىنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ كۆڭلىگە، بۇ كەلىمىنى سۆزلىگەندە ئاشۇ مەنالار ھازىر بولىدۇ، بۇ مەنالار ھېچ قانداق قىيىنچىلىقسىز، باشقا شەك-شۈبھە ئارىلاشماستىن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە تولۇق ئورنايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەۋھىدكە ۋە ئۇنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە نەپەس ئېلىشقا بولغان ئېھتىياجىدىن بەك كۈچلۈكتۇر، بۇ ئىنسانغا تەبىئىي بىر ھاجەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان تەۋھىدنى بىلىشنى روياپقا چىقىرىش ، ئۇنىڭ بىلەن تەۋھىدنىڭ شەرتلىرى ئەمەلىيلىشىدىغان ۋە ھاسىل بولىدىغان ئىلمەلەرنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىش، ئۇنىڭدىن ئىخلاسنى چەكلەيدىغان ۋە تەستىقلاشقا توسالغۇ بولىدىغان چەكلىمىلەرنى يوق قىلىش كېرەك.

تەۋھىد كەلىمىسىنى سۆزلىگەندە، تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ شەرتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن 12295 - 9104 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرى بىر-بىرىنى لازىم تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن بىرنى ئىقرار قىلغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھەممىسىگە ئىقرار قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " تەۋھىد رۇبۇبىيە تەۋھىد ئۇلۇھىيە-ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا باشلايدۇ ۋە يۈزلەندۈرىدۇ، تەۋھىد ئەسما ۋە سۈپەت  تەۋھىد رۇبۇبىيەنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ھەر نەرسىنى پەيدا قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچى دېگەن، بارلىق گۈزەل ئىسىم ۋە ئالى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەقلىق بولىدۇ، بۇ ئۆز زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە مۇكەممەلدۇر، ئۇنىڭ ھېچ بىر شېرىكى يوق، ئۇنىڭ ھېچ بىر ئوخشىشى يوق، كۆزلەر ئۇنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر.

تەۋھىدنىڭ بۇ ئۈچ تۈرىنى پۇختا ئىگەللىگەن، ئېسىدە تۇتقان، مەنالىرى بويۇنچە ئىستىقامەت قىلغان كىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقى بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى، ئىبادەتكە پەقەت بىر ئاللاھنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولىدۇ، كىمكى تەۋھىدنىڭ بىر تۈرىنى زايە قىلىۋېتىدىكەن، ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنى زايە قىلىۋەتكەن بولدى، چۈنكى تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرى بىر-بىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىسلام بۇ ئۈچ تۈرنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ". [ئىبنى باز پەتىۋالىرى مەجمۇئەسى 1 -توم 38-39 -بەت].

سىز تەۋھىدنىڭ بۇ ئۈچ تۈرىنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەن بولسىڭىز سىزنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى چۈشىنىشىڭىزدە كەمچىلىك ۋە نۇقسان يوق، سىزنىڭ تەۋبىڭىزدىمۇ ئۇنى قايتىدىن يېڭىلاش كېرەك بولىدىغان بىر كەمچىلىك يوق. بەزى بىر ئورۇنلاردا ئىنساننىڭ بىلىدىغان نەرسىلىرى زېھنىدىن قاچىدۇ، بەزى ئورۇندا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرەر ئىسمىنىڭ ياكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەتنىڭ مەنىسىنى ئېسىگە ئالالماي قالىدۇ، بۇ ئىنساننىڭ دىلىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىم-سۈپەتلىرىگە بولغان ئىمانىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئورۇنلىرىدا ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە تەۋھىد ئۇلۇھىيەتنىڭ ۋە ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشنىڭ مەنىسى ھازىر بولمايدۇ.

بەزى ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالادىن رىزىق تەلەپ قىلىش ياكى زەرەرنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئورۇندا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز خەلقىنىڭ رەببى  ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىش، تەسەررۇپ قىلىش توغرىسىدىكى مەنالار ئېسىگە كەلمەيدۇ، ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.